قىزىل يىڭنىغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# قارمەلىكە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# قار مەلىكە

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر توپلىمى (2)


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 889×1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 4 - ئاي 7 - بېسىلىشى
ISBN 978-7-80547-812-8

بىر يۈرۈش باھاسى: 10.80 يۈەن، پارچە باھاسى: 1.80 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# قار مەلىكە



ئەسلى ئاپتورى: گرىن [ گېرمانىيە ]
ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي
تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى



1. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر خانىش ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىزنىڭ تېرىسى خۇددى قاردەك ئاپئاق ئىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «قار مەلىكە» دەپ ئاتىشىدىكەن.

2. خانىش ئۆلۈپ كېتىپ، پادىشاھ يەنە بىر خانىشقا ئۆيلىنىپتۇ. بۇ خانىشنىڭ سېھىرلىك ئەينىكى بار ئىكەن. بىر كۈنى، خانىش سېھىرلىك ئەينەكتىن: «دۇنيادا كىم ئەڭ چىرايلىق؟» دەپ سوراپتۇ.



Scanned by CamScanner

3. سېھىرلىك ئەينەك: «ئەلۋەتتە قار مەلىكە ئەڭ چىرايلىق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خانىش بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ ۋە بىر ئامال قىلىپ قار مەلىكىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئويلاپتۇ.



Scanned by CamScanner

4. بىر كۈنى خانىش ئوۋچىغا قار مەلىكىنى قېلىن ئورمانلىقتا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق ئوۋچى تاش يۈرەكلىك قىلىپ، گۈزەل مەلىكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى خالىماي، قار مەلىكىنى ئورمانلىقتا ئېلىپ بېرىپ قويۇۋېتىپتۇ.




Scanned by CamScanner




5. قار مەلىكە ئورمانلىق ئىچىدە ئېزىپ قاپتۇ ۋە بىر كىچىك كەپىگە كىرىپ، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. كەچتە ئۆينىڭ ئىگىسى قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار يەتتە پارپا ئىكەن.

Scanned by CamScanner

6. قار مەلىكە ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى پارپىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پارپىلار قار مەلىكىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ كىچىك كەپىسىدە بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىپتۇ.



Scanned by CamScanner



7. بىر كۈنى، خانىش سېھىرلىك ئەينەكنى قولىغا ئالغان ئىكەن، سېھىرلىك ئەينەك: «قار مەلىكە تېخى ھايات، ئۇ يەتتە پارپا بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ، ھازىر تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى» دەپتۇ.

Scanned by CamScanner



8. خانىش لېنتا ساتىدىغان موماي قىياپىتىدە ياسىنىپ ئورمانلىققا كىرىپ: «قىزچاق، لېنتا ئالامسىز؟» دەپ سوراپتۇ. قار مەلىكە ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزۈپتۇ.

Scanned by CamScanner

9. قار مەلىكىنىڭ لېنتا تاللاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خانىش لېنتا بىلەن ئۇنىڭ بويىنىنى مەھكەم بوغۇپتۇ.



Scanned by CamScanner

10. كەچتە يەتتە پارپا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ قار مەلىكىنىڭ
يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، دەرھال قايچا بىلەن لېنتىنى كېسىپ
ۋېتىپ مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ.



11. سېھىرلىك ئەينەك خانىشقا: «قار مەلىكە يەنە قۇتقۇزۇۋېلىندى» دەپتۇ. خانىش ياغاچ تارغاق ساتىدىغان موماي قىياپىتىدە ياسىنىپ كېلىپ، زەھەرلىك ياغاچ تارغاقنى قار مەلىكىنىڭ بېشىغا سانجىپتۇ.



Scanned by CamScanner

12. يەتتە پارپا قايتىپ كېلىپ قار مەلىكـ-
ىنىڭ هوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال زە-
ھەرلىك ياغاچ تارغاقنى ئېلىۋېتىپتۇ. قار مەلىكە
شۇندىلا هوشىغا كەپتۇ.



Scanned by CamScanner

13. كىم بىلسۇن، بۇ ئىشنى سېھىرلىك
ئەينەك يەنە خانىشقا دەپ قويۇپتۇ.




Scanned by CamScanner

14. غەزەپلەنگەنلىكىدىن خانىشنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتىپتۇ. ئۇ قار مەلىكىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، بىر زەھەرلىك ئالمىنى ياساپ چىقىپتۇ.




15. خانىش ئالما ساتىدىغان موماي قىياپىتىدە ياسىنىپ، قار مەلىكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئاق كۆڭۈل قار مەلىكە زەھەرلىك ئالمىنى يەپلا يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

16. يەتتە پارپا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار قار مەلىكىنىڭ نېمە كېسەل بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئۇنى قۇتۇلدۇرالماپتۇ. بىراق پارپىلارنىڭ قار مەلىكىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئۈچ كېچە-كۈندۈز يىغلاپتۇ.



Scanned by CamScanner



17. پارپىلار ئىنتايىن سۈزۈك ئەينەكتىن تاۋۇت ياساپ، قار مەلىكىنى شۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ ساقلاپ-تۇ.

Scanned by CamScanner

18. قار مەلىكە تاۋۇت ئىچىدە خۇددى
ئۇخلاۋاتقاندەك تىپتىنچ يېتىپتۇ. بىر كۈنى
بىر شاھزادە پارپىلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆ-
تۈپ كېتىۋېتىپ، قار مەلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ.



19. شاھزادە قار مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، قار مەلىكىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا ماقۇل بولغان ئىكەن. پارپىلار ئۇنىڭ قار مەلىكىنى ئېلىپ كېتىشىگە قوشۇلۇپتۇ.



20. پەيتۇن ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاغ يوللىرىدا سىلكىنىپ ماڭغاچقا،قار مەلىكىنىڭ ئاغزىدىكى زەھەرلىك ئالما چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە تىرىلىپتۇ-دە، تەبەسسۇم بىلەن شاھزادىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ.



Scanned by CamScanner

21. شاھزادە قار مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، تەنتەنە-
لىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. سېھىرلىك ئەينىكى بار
خانىشمۇ تەكلىپ بىلەن تويغا كەپتۇ. خانىش توي قىلغان
قىزنىڭ قار مەلىكە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغانلىـ
قىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ.



Scanned by CamScanner



22. خانىش شۇ ئاچچىقىدا ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپ، ئىككىنچى
چىقماپتۇ.

Scanned by CamScanner

23. قار مەلىكە بىلەن شاھزادە بىر-بىرىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشۈپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



Scanned by CamScanner

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

白雪公主

红蜻蜓丛书(2)

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
889 x 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2011 年 4 月第 7 次印刷
ISBN 978 - 7 - 80547 - 812 - 8

总定价:10.80 元　每册价:1.80 元(维)

Scanned by CamScanner

مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھىنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-812-8
9 787805 478128 >
总定价:10.80元 每册价:1.80元(维)

Scanned by CamScanner